## 122630 ـ زۆرۆرىيەت سەۋەبلىك قىز-خانىملارنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى توغرىسىدا

### سۇئال

ئايالىمنىڭ دوستىنىڭ تۇنىستىن فرانسىيىگە سەپەر قىلىشى زۆرۆر بولۇپ قالدى، چۈنكى ئۇ ئايال توي قىلىشتىن ئىلگىرى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن فرانسىيىدە ياشايتتى، ئەگەر ئۇنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى توغرا بولمىسا سەپەرنىڭ ھەممىسىدە مەھرىمى ھەمراھ بولۇشى كېرەكمۇ؟، ئايالنى يولدىشى ئايدۇرۇمدىن يولغا سېلىپ قويسا، دادىسى يەنە بىر شەھەردە ئايدۇرۇمدا كۈتۈۋالسا بۇ مەھرەملىككە كۇپايە قىلامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمىز.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

ئىبنى ئاببابس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى مەھرەمسىز سەپەر قىلمىسۇن، مەھرەمسىز ئايالالارنىڭ يېنىغا يات ئەرلەر كىرمىسۇن دېگەندە، ساھابىلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئەسكەرلەر بىلەن پالانى-پالانى ئۇرۇشقا چىقىشقا تىزىملاتقان ئىدىم، ئايالىم ھەجگە چىقماقچى ئىدى دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: سەن ئايالىڭ بىلەن بىرگە ھەجگە بارغىن دەيدۇ. [بۇخارى رىۋايىتى 1862- ھەدىس].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ئايالنىڭ مەھرەمسىز بىر كېچە-كۈندۈزلۈك سەپەر قىلىشى ھالال بولمايدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى 1339-ھەدىس].

ئايالالارنىڭ (سەپەرنىڭ قايسى تۈرى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر) مەھرەمسىز سەپەر قىلىشىنىڭ چەكلەنگەنلىكى توغرىسىدا كۆپلىگەن ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

شەرئىي پرىنسىپنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئىلگىرى بىر نەچچە پەتىۋالاردا ئايالالارنىڭ مەھرەمسىز ھالەتتە مەيلى ئۇ ھەج-ئۆمرە ۋە ئاتا-ئانىنىڭ زىيارىتىدەك ئىبادەت بولسۇن ياكى ئۇ مۇباھ قىلىنغان سەپەرلەر بولسۇن، ئايالالارنىڭ يالغۇز سەپەر قىلىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

ئەمما زۆرۆرىيەت تېپىلغاندا شۇنداق قىلسا دۇرۇس بولىدۇ، چۈنكى زۆرۆرىيەت چەكلەنگەن ئىشلارنى دۇرۇس قىلىدۇ.
شۇڭلاغا ئاساسەن ئايالىڭىزنىڭ دوستى فرانسىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئېرىشسە ئۇنىڭغا كېلىدىغان زىيان ئاز بولىدىغان بولسا،

مەھرىمىنىڭ بىرگە سەپەر قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىسا يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك، ئۇ ئايال ۋەتەنداشلىق ئېلىشى ئۈچۈن يالغۇز سەپەر قىلسا گۇناھ بولمايدۇ.

شەيخ ئىبنى جىبرىين رەھىمەھۇللاھدىن: ئايال كىشىنىڭ ئۆزۈرلۈك ھالەتتە يالغۇز سەپەر قىلىشى توغرىمۇ؟ ئۇ ئايالنى بىر مەھرىمى ئايدۇرۇمغا ئىلىپ چىقىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ، يەنە بىر مەھرىمى كىلىدىغان شەھەردە ئايدۇرۇمغا چىقىپ ئۇ ئايالنى كۈتۈۋالىدۇ؟ بۇنداق قىلىش توغرىمۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "ئايالنىڭ يولدىشى ياكى دادىسىنىڭ بىرگە مەھرەم بولۇپ چېقىشى مۇمكىن بولمىغاندا، ئايال يالغۇز سەپەر قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولۇپ قالغاندا، بىر مەھرىمى ئايدۇرۇمغا ئىلىپ چىقىپ يولغا سىلىپ ئايرۇپىلانغا چىقىپ بولغاندا قايتىپ كەتسە، يەنە بىر مەھرىمى كۈتۈۋالىدىغان شەھەردە ئايدۇرۇمغا چېقىپ كۈتۈۋالسا، كېلىدىغان ئايروپىلاننىڭ نومۇرى ۋە ۋاقتىنى ئىنىق بىلسە ئۇ ۋاقىتتا ئايالنىڭ مەھرەمسىز سەپەر قىلىشى توغرا بولىدۇ، چۈنكى زۆرۈر ئىشلارنىڭ ھۆكمى ئايرىم بولىدۇ. ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن". ["ئىبنى جىبرىين پەتىۋالىرى" دىن ئېلىندى.

بۇ ھەقتە تېخىمۇ كۆپراق مەلۇماتقا ئېرىشىش ئۈچۈن 14235 ـ نۇمۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.